# ئىستىقلال ئاۋازى

ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ISTIQLAL

ئىيۇن 2023 (ئومۇمىي 35 ـ سان)

توغرا تەشۋىقات ئويغىنىشنىڭ تۇنجى باسقۇچىدۇر



## خىتايغا يانتاياق بولۇش جاۋابسىز قالمىدى



Istiqlal TV




ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزالىرى خىتاي رېجىمىنىڭ ئۇيغۇرلارغا زىيانكەشلىك قىلىش قىلمىشىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان قانۇن لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 31-ماي ئامېرىكا كېڭەش پالاتا ئەزالىرىدىن ماركو رۇبىيو ۋە جېف مېركلېي «ئۇيغۇر ئىرقىي قىرغىنچىلىقىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش ۋە جازالاش قانۇن لايىھەسى»نى ئوتتۇرىغا قويغان. مەزكۇر قانۇن لايىھەسى ئىلگىرى ماقۇللانغان «ئۇيغۇر كىشىلىك ھوقۇق سىياسىتى قانۇنى» ۋە «ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش قانۇنى» قاتارلىق قانۇنلار ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، خىتاي رېجىمىنىڭ ئېغىر كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكىگە قارشى تۇرۇش مەقسەت قىلىنغان.

بىلدۈرۈلۈشىچە، بۇ قانۇن لايىھەسىدە خىتاي ئەمەلدارلىرى ۋە ئامېرىكا تەرىپىدىن ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە چېتىشلىق ئورۇنلارغا قارىتىلغان جازا ۋە ۋىزا چەكلىمىسىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا ۋە باشقا تۈركىي مىللەتلەرگە قارىتىلغان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىگە چېتىشلىق ئەمەلدارلارغا ۋىزا چەكلىمىسى قويۇش قاتارلىق مۇھىم ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

بۇ قانۇن لايىھەسىدە يەنە ئامېرىكا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىدىن ئىرقىي قىرغىنچىلىقنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغۇچىلارغا ھالقىلىق ياردەم بېرىش ۋە خىتايدىن قېچىپ چەت ئەلدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت ۋە تىل مىراسلىرىنى قوغداش تەلەپ قىلىنغان.

كېڭەش پالاتا ئەزاسى ماركو رۇبىيو خىتاي رېجىمى ۋە ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىدە مەسئۇلىيىتى بار شىركەتلەرگە قارىتىلغان جازانى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن.




يەنە بىر قېتىم تۈركىيە پرېزىدېنتلىقىغا سايلانغان رەجەپ تاييىپ ئەردوغاننىڭ 2028-يىلىغىچە داۋاملىشىدىغان پرېزىدېنتلىق ۋەزىپىسىگە ئولتۇرۇش مۇراسىمىغا ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ سابىق رەئىسى دوتسېنت، دوكتور ئاتاۋۇللاھ شاھيار تەكلىپ بىلەن ئىشتىراك قىلدى.

مۇراسىم ئەنقەرەدىكى پرېزىدېنتلىق سارىيىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، ئىككى كۈن داۋام قىلدى. پرېزىدېنت ئەردوغان تۈركىيە پارلامېنتى ئومۇمىي يىغىن زالىدا قەسەم بېرىپ ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، سارايدا ۋەزىپە باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

دۇنيا ئەللىرى بۇ مۇراسىمغا يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان بولۇپ، مۇراسىمغا شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى باش كاتىپى، تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرى، ئەرەب دۇنياسى، بالقان دۆلەتلىرى قاتارلىق 78 دۆلەتنىڭ رەئىسى، ۋەكىللىرى، يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرى ۋە نۇرغۇنلىغان دۆلەت ۋەكىللىرى ئىشتىراك قىلدى.

پرېزىدېنت ئەردوغان مۇراسىمدا قىلغان سۆزىدە بارلىق مېھمانلارغا رەھمەت ئېيتتى ۋە ئۆزىنى كەلگۈسى بەش يىلدا ۋەزىپە ئۆتەشكە لايىق كۆرگەن خەلققە رەھمەت ئېيتتى ۋە تۈركىيەنىڭ كەلگۈسى بەش يىلدىكى مۇھىم خىزمەتلىرى ھەققىدە قىسقا سۆز قىلدى. ئۇ يەنە تۈركىيەنىڭ مەنىۋى كۈچىگىمۇ ئىشارەت قىلىپ، تۈركىيە ئۈچۈن كۆزلىرى ياش دۇئا قىلىۋاتقان مىليونلىغان مەزلۇملار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. مۇراسىم تۈركىيە دىيانەت ئىشلىرى باشقارمىسى رەئىسى پروفېسسور دوكتور ئەلى ئەرباشنىڭ دۇئاسى بىلەن ئاخىرلاشتى.




فىرانسىيە كېڭەش پالاتاسى ئۇيغۇر مەجبۇرىي ئەمگەكى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلاتلارنىڭ ئىمپورت قىلىنىشىنى چەكلەش تەلەپ قىلىنغان تەكلىپ لايىھەسىنى ماقۇللىدى.

فىرانسىيە خەلقئارا رادىيوسىنىڭ خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 1-ئىيۇن كېڭەش پالاتاسىدا 144 ئاۋازنىڭ قوللىشى بىلەن ماقۇللانغان مەزكۇر قانۇن تەكلىپىگە ئىمزا قويغۇچىلار بۇ قەدەمنىڭ كېچىكىپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈشكەن بولۇپ، ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى ئەزا دۆلەتلەرنىڭ مەھسۇلاتنىڭ مەجبۇرىي ئەمگەك مەھسۇلاتى ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ بېقىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.

چەكلەش كۈچىگە ئىگە بولمىغان مەزكۇر قارار خىتاينىڭ ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان سىستېمىلىق زوراۋانلىق سىياسىتىنىڭ «ئىرقىي قىرغىنچىلىق» تەشكىل قىلىدىغانلىقىنى باھالاشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان.

بۇ تەكلىپكە ئاساسەن، ياۋروپا پارلامېنتى ۋە ياۋروپا ئىتتىپاقى كېڭىشىنىڭ يېڭى «سودا قورالى» ياساپ چىقىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مەجبۇرىي ئەمگەك بىلەن ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلەش نىشانلانماقتا.



خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش پىلانى بويىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي رايون ئۇقۇمىنى كېڭەيتتى ۋە جەنۇبىي رايون تەۋەلىكىگە بىر ئوبلاست، تۆت دىۋىزىيەنى قوشتى.

خىتاي خەلق تورىنىڭ 7-ئىيۇندىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 10-نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى»نىڭ 8-ئومۇمىي يىغىنىدا ئاتالمىش «جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە دائىر بىرقانچە سىياسەت-تەدبىرلىرى»گە قاراپ چىقىپ ماقۇللىغان. يىغىندا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيەلىك مۇددىئاسى بويىچە، شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي رايونى ئۇقۇمى كېڭەيتىپ ئۆزگەرتىلگەن.

مەزكۇر سىياسەتنىڭ تەتبىقلىنىش دائىرىسىدە، ئەسلىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىدىكى تۆت ۋىلايەت، ئوبلاست ئۇقۇمى كېڭەيتىلىپ، بايىنغولىن ئوبلاستى، قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىن ئىبارەت بەش ۋىلايەت، ئوبلاست ۋە تۆت دىۋىزىيە شەرقىي تۈركىستاننىڭ جەنۇبىي رايون ئۇقۇمىغا كىرگۈزۈلگەن.

كۆزەتكۈچىلەر خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەندىن بېرى يەر ناملىرىنى ئۆزگەرتىپ كەلگەنلىكىنى، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەر، ئوبلاستلىرىدا تۈرلۈك خىتايچە ناملار پەيدا بولۇپ، ئەسلىدىكى ناملارنىڭ تەدرىجىي ئەمەلدىن قېلىۋاتقانلىقىنى، ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە ئىشغالىيەتنىڭ بارلىق شەكىللىرىنى ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




ئامېرىكا ئېكسپورت كونترول قىلىش تىزىملىكىگە يەنە 43 ئورۇننى قوشقان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە خىتاينىڭ 31 شىركەت، ئورگىنى ۋە خىتايغا ھەربىي ئۇچقۇچىلارنى تەربىيەلەپ بېرىدىغان چەت ئەل شىركەتلىرىمۇ بار ئىكەن.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ 13-ئىيۇندىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى يېڭىدىن 43 شىركەت، ئورگاننى ئېكسپورت كونترول قىلىش

تىزىملىكىگە كىرگۈزگەن بولۇپ، مەزكۇر ئورگان ۋە شىركەتلەر ئامېرىكىنىڭ مەنپەئەتىگە زىت كېلىدىغان پائالىيەتلەر ۋە تىجارەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، جازا تىزىملىكىگە قوشۇلغان.

بۇ قېتىم ئېكسپورت قىلىش چەكلەنگەن شىركەتلەر چېگرا مۇلازىمەت گۇرۇھىنىڭ خىتاي، كېنىيە، لائوس ۋە ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى تارماق ئاپپاراتلىرىنى، جەنۇبىي ئافرىقا سىناق ئۇچقۇچىلار ئاكادېمىيەسىنىڭ جەنۇبىي ئافرىقا، خىتاي، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ۋە ئەنگلىيەدىكى تارماق ئاپپاراتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. ئۇندىن باشقا خىتاي ئاۋىياتسىيە سانائىتى گۇرۇھىنىڭ خىتاي ۋە جەنۇبىي ئافرىقىدىكى تارماقلىرىمۇ ئېكسپورت چەكلەنگەن ئورگانلار قاتارىغا كىرگۈزۈلگەن.

بىلدۈرۈلۈشچە، بۇ قېتىم خىتاينىڭ جەمئىي 31 شىركەت، ئورگىنى بۇ تىزىملىككە قوشۇلغان. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىپ، خىتاينىڭ ئاۋازدىن تېز ئۇچىدىغان قورال ياساش ساھەسىدىكى ھەربىي زامانىۋىلىشىش پىلانىنى قوللىغان.

ئۇندىن باشقا خىتاي ۋە پاكىستاننىڭ توققۇز شىركىتى پاكىستاننىڭ باللىستىك باشقۇرۇلىدىغان بومبا ياساش پىلانىغا ۋە باشقا قوراللارنى ياساشقا ياردەم قىلغانلىقى ئۈچۈن جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن.

يەنە ئىككى شىركەتنىڭ جازا تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلۈش سەۋەبى بولسا خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇر قاتارلىق تۈركىي مىللەتلەرنى باستۇرۇش قىلمىشىغا ياردەم بەرگەنلىكى ئىكەن.




قازاقىستانغا ياكى خىتايغا قايتۇرۇلۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق قازاق مۇھاجىر غەيرەت ئەرلەبەگ خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار بىلەن جىددىي ئالاقىلىشىشى

نەتىجىسىدە، ئىستانبۇلغا ئامان-ئېسەن كىردى.

غەيرەت ئەرلەبەگ 13-ئىيۇن ئىستانبۇل ۋاقتى سائەت 10 ئەتراپىدا ئىستانبۇل ئايرودۇرۇمىغا چۈشكەن بولۇپ، ۋىزىسى يوقلۇقى ۋە پاسپورتىنىڭ ئىناۋەتسىز دەپ قارالغانلىقى سەۋەبلىك، تۈركىيە تاموژنا خادىملىرى تەرىپىدىن ئىستانبۇل ئايرودۇرۇمىدا توختىتىپ قويۇلغانىدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، قازاقىستانغا قايتۇرۇلۇش خەۋپى بولغان غەيرەت ئەرلەبەگنىڭ ئىستانبۇلغا ئامان-ئېسەن كىرىشى ئۈچۈن ھەرىكەتكە ئۆتكەن ۋە تۈركىيەنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورگانلىرى بىلەن جىددىي كۆرۈشكەن. نەتىجىدە غەيرەت ئەرلەبەگ زۆرۈر بولغان رەسمىيەتلىرى ھەل قىلىنىپ، ئىستانبۇلغا ئامان-ئېسەن يېتىپ كەلدى.




خىتاي رىجىمى پەلەستىن پرېزىدېنتى مەھمۇد ئابباسنىڭ بېيجىڭ زىيارىتى جەريانىدا پەلەستىن ھۆكۈمىتى بىلەن ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ئورناتقانلىقىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئورتاق باياناتتىكى پەلەستىن تەرەپنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار بايانلىرى مۇھاجىرەتتە كۈچلۈك غۇلغۇلا قوزغىدى.

فوكس خەۋەرلىرىنىڭ 14-ئىيۇندىكى خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، خىتاي رىجىمى رەئىسى شى جىنپىڭ خىتايدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولۇۋاتقان پەلەستىن پرېزىدېنتى مەھمۇد ئابباسنى خىتاي خەلق سارىيىدا ئالاھىدە مۇراسىم بىلەن كۈتۈۋالغان. شى جىنپىڭ ئۈچرىشىشتا پەلەستىن مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۈچ ماددىلىق تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پەلەستىن مەسىلىسىنىڭ نېگىزلىك ھەل قىلىنىشىنىڭ 1967-يىلدىكى چېگرانى ئاساس قىلغان ۋە پايتەختى شەرقىي قۇددۇس بولغان مۇستەقىل پەلەستىن دۆلىتىنى قۇرۇشتا ئىكەنلىكى،

ئىككىنچىدىن، پەلەستىن ئىقتىسادىنىڭ ئېھتىياجى ۋە خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش، خەلقئارا جەمئىيەت پەلەستىنگە تەرەققىيات ياردىمى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك ياردىمىنى ئاشۇرۇش كېرەكلىكى، ئۈچىنچىدىن، تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ توغرا يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

بۇ يىل خىتاي-پەلەستىن مۇناسىۋىتىنىڭ 35 يىللىقى بولۇپ، ئىككى تەرەپ 2018-يىلى ئەركىن سودا كېلىشىمى ئىمزالىغان. 2022-يىلى ئىككى تەرەپنىڭ سودا مىقدارى 160 مىليون دوللارغا يېقىنلىشىپ، 2021-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 23.2% ئاشقان.

خىتاي ئۇزۇندىن بۇيان پەلەستىن مەسىلىسىنى قوللايدىغانلىقىنى پەش قىلىش ئارقىلىق، مۇسۇلمانلارغا ياخشىچاق كۆرۈنۈپ، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى ۋە ئىسلامغا قارشى تېررور سىياسەتلىرىنى يوشۇرۇشقا كۈچىمەكتە. شۇنداقلا خىتاي رېجىمىنىڭ پەلەستىن مەسىلىسىگە ئالاھىدە يېقىنلىشىشى ۋە مەھمۇت ئابباسنى ئالاھىدە كۈتۈۋېلىشى خىتاينىڭ ئامېرىكا بىلەن رىقابەتلىشىۋاتقان ئوتتۇرا شەرقتە سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەسىرگە ئېرىشىش ھەرىكىتىنىڭ يەنە بىر قەدىمى دەپ قارالماقتا.

شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، شى جىنپىڭ خىتاي بىلەن پەلەستىن بىر-بىرىگە ئىشىنىدىغان ۋە قوللايدىغان ياخشى دوست ۋە ياخشى شېرىك ئىكەنلىكى، خىتاينىڭ تۇنجى بولۇپ پەلەستىن دۆلىتىنى ئېتىراپ قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكى، خىتاينىڭ پەلەستىننىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىغا تولۇق ئەزا بولۇشىنى قوللايدىغانلىقى ھەمدە كۆپ تەرەپلەردە پەلەستىن ئۈچۈن داۋاملىق سۆز قىلىدىغانلىقى قاتارلىقلارنى دەۋا قىلغاندىن كېيىن، خىتاينىڭ پەلەستىن بىلەن ئىسرائىلىيەنىڭ تىنچلىق سۆھبىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئويناشنى خالايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەھمۇد ئابباس خىتاي بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشنى ۋە خىتاينىڭ مەبلەغ سېلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى، خىتاي تەرەپنىڭ پەلەستىن دائىرىلىرى ئوتتۇرىغا قويغان بىر قاتار تەرەققىيات تۈرلىرىنى مەبلەغ بىلەن تەمىنلەش ۋەدىسىنى ئالاھىدە قەدىرلەيدىغانلىقىنى، تېخنىكا ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ تېزدىن ئەۋەتىلىپ، بۇ تۈرلەرنى يولغا قويۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

سۆھبەتتىن كېيىن، ئىككى تەرەپ بىرلىكتە ئىقتىسادىي ۋە تېخنىكا ھەمكارلىق كېلىشىمى ۋە باشقا ئىككى تەرەپلىك ھەمكارلىق ھۆججەتلىرىنىڭ ئىمزالىغان بولۇپ، خىتاي بىلەن پەلەستىننىڭ ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورناتقانلىقى ھەققىدە بىرلەشمە بايانات ئېلان قىلغان. خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ ئورگان توربىدا مەزكۇر بىرلەشمە باياناتنىڭ تولۇق تېكىستى بېرىلگەن بولۇپ، بىرلەشمە باياناتنىڭ 1-ماددىسىدىلا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ تىلغا ئېلىنىشى ئالاھىدە دىققەت قوزغىدى.

بىرىنچى ماددىدا مۇنۇلار تىلغا ئېلىنغان: «ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتى ۋە ئاساسلىق كۆڭۈل

بۆلىدىغان مەسىلىلەردە داۋاملىق بىر-بىرىنى قوللايدۇ. پەلەستىن بىر خىتاي پىرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، خىتاينىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى ۋە زېمىن پۈتۈنلۈكىنى قوغدىشىنى قوللايدۇ، ھەمدە خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلاشقان ھەر قانداق كۈچكە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ بىردىنبىر قانۇنلۇق ھۆكۈمەت ئىكەنلىكىنى ۋە پۈتكۈل خىتايغا ۋەكىللىك قىلىدىغانلىقىنى، تەيۋەن خىتاي زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى قايتا تەكىتلەيدۇ. ھەر قانداق شەكىلدىكى تەيۋەن مۇستەقىللىقىغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ، تەيۋەن بىلەن ھەرقانداق تەرىقىدىكى رەسمىي ئالاقىدە بولمايدۇ، ھەمدە خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ دۆلەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈشتىكى بارلىق تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ. خىتاينىڭ خوڭكوڭ مەسىلىسىدىكى مەيدانىنى قەتئىي قوللايدۇ ۋە خىتاينىڭ بىر دۆلەتتە ئىككى خىل تۈزۈم رامكىسىدا دۆلەت بىخەتەرلىكىنى قوغداش تىرىشچانلىقىنى قوللايدۇ، قەتئىي ھالدا خوڭكوڭ مەسىلىسى پۈتۈنلەي خىتاينىڭ ئىچكى ئىشى، دەپ قارايدۇ. قەتئىي ئىشىنىدۇ. تاشقى كۈچلەرنىڭ خوڭكوڭ مەسىلىسى ۋە خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىدىغان قانۇنسىز ھەرىكەتلىرىنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. شىنجاڭ مەسىلىسىنىڭ ھەرگىزمۇ كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى زوراۋانلىق ۋە تېررورلۇققا، رادىكاللىقنى يوقىتىشقا ۋە بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى قايتا تەكىتلەيدۇ. پەلەستىن شىنجاڭ مەسىلىسىنى باھانە قىلىپ، خىتاينىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ».

مەزكۇر باياناتتىكى شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار مەزمۇنلار مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ كۈچلۈك نارازىلىقىنى ۋە غەزىپىنى قوزغىماقتا.



تۈركىيەنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيەنىڭ ئەڭ يېقىن ئىتتىپاقداشلىرىدىن بولغان مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى رەئىسى دۆلەت باھچەلى 20-ئىيۇن تۈركىيە پارلامېنتىدىكى ھەپتىلىك يىغىندا قىلغان سۆزىدە، پەلەستىن پىرېزىدېنتى مەھمۇد ئابباسنىڭ خىتايدا ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىلغان سۆزلىرىگە قاتتىق رەددىيە قايتۇرۇپ: «ئۇيغۇر تۈركلىرىنى تېررورچى دېيىش جىنايەتتۇر، شەرمەندىلىكتۇر، تۈرك مىللىتىگە قىلىنغان ھۆرمەتسىزلىكتۇر» دېدى.

تۈركىيە مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى رەئىسى دۆلەت باھچەلى تۈركىيە كۆپ يىللاردىن بۇيان ئىسرائىلىيەنىڭ ئىشغالىيىتىگە قارشى قوللاپ كېلىۋاتقان پەلەستىننىڭ بۇ قىيىن-قىستاقلارنى يوللۇق دەپ قارىغانلىقىنى قاتتىق تەنقىد قىلىپ: «مەھمۇت ئابباس ۋىجدانى قىلچە ئازابلانماستىن بۇلارنى سۆزلىدى. بىز ئۇلارنى قانچە قوللىغانسېرى، بۇ ئاڭ تۈرك مىللىتىگە كىشەن بولماقتا. مەھمۇد ئابباسنىڭ تېررورلۇق ھەققىدە نېمىنى بىلىدىغانلىقىمۇ ئاشكارىلاندى. بىز ئەزەلدىن زۇلۇمغا ئۇچرىغان پەلەستىنلىكلەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ كەلدۇق. پەلەستىن دەۋاسىغا ئەمما، لېكىن... دېمەستىن ئىگە چىقتۇق ۋە مەيدانىمىزنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. ئابباس ئەپەندى، ساڭا بۇ يەردىن خىتاب قىلىمەنكى، ئۇيغۇر تۈركلىرىنى تېررورچى دېيىش ئادالەتسىزلىكتۇر، گۇناھتۇر، جىنايەتتۇر، شەرمەندىلىكتۇر ۋە قارغىش تەككۈرلۈكتۇر، تۈرك مىللىتىگە قىلىنغان كەچۈرگۈسىز ھۆرمەتسىزلىكتۇر» دېدى.

باھچەلى سۆزلىرىنى تېخىمۇ قاتتىقلاشتۇرۇپ: «پەلەستىن رەئىسى ئەزەلدىن PKK ياكى فەتھۇللاھچى تېررورلۇق تەشكىلاتىغا قارشى سۆز قىلىپ باقتىمۇ؟ تۈركىيە بىلەن ھەمكارلىق ئىچىدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئۇچۇر ھەمبەھىرلەپ باقتىمۇ؟ ئۇ بۇنداق قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىدى. تېررورلۇق شەرقىي تۈركىستاندا ئەمەس، كاندىلدا» دېدى.

ئۇنىدىن باشقا، پەلەستىن ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ رەئىسى دوكتور نەۋۋاف تەكرۇرىي پەلەستىن رەئىسى مەھمۇد ئابباسنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئېزىلگەن ئۇيغۇر خەلقىنى تېررورلۇق بىلەن سۈپەتلىگەنلىكىگە رەددىيە قايتۇرۇپ، بۇنىڭ ناتوغرا ۋە زالىملارچە سۈپەت ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغان ۋە زالىملارغا دۇچ كەلگەن پەلەستىن خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە پەلەستىن خەلقىنىڭ مەزلۇمغا قارشى زالىم بىلەن بىر سەپتە تۇرالمايدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئۇ باياناتىدا يەنە: «پەلەستىن ئالىملىرى بىرلىكى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئۇ باياناتنى ئەيىبلەيمىز ۋە ئۇنى شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي رېجىمىنىڭ زۇلۇمىغا ئۇچراۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن ئېيتىلغان ئادالەتسىز ۋە زالىملارچە سۆز، دەپ قارايمىز ۋە پەلەستىندىكى بارلىق قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ سىلەر بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى، سىلەرنىڭ ھەققىڭلاردا زالىمغا يان باسقان ھەرقانداق سۆزلەرنىڭ پەلەستىن خەلقىگە ۋەكىللىك قىلالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىمىز» دەپ تەكىتلىدى.



EMBASSY OF THE STATE OF PALESTINE ANKARA

سفارة دولة فلسطين أنقرة

**Filistin Devleti Ankara Büyükelçiliği'nden Basın Bildirisi**

Filistin Devleti Ankara Büyükelçiliği Türkiye'nin tüm basın-yayın kuruluşlarına saygılarını sunar. Büyükelçilik, sosyal medya ve bazı Türk basın kuruluşlarında, Çin ziyareti sırasında Uygur Müslümanlarıyla ilgili Filistin Devlet Başkanı Sayın Mahmud ABBAS'a ait olduğu iddia edilen açıklamalarla ilgili yürütülen haksız kampanyayı yakından takip etmiştir.

Bunun üzerine büyükelçilik, Sayın Başkan Mahmud ABBAS ve heyetindeki hiç bir kişinin Çin ziyaretleri öncesinde, sırasında ve sonrasında Uygur azınlığı ile ilgili doğrudan bir açıklama yapmadıklarını vurgular. Başkan Abbas, Çin Başkanı ve diğer Çinli yetkililerle konuşmasında, birleşik Çin ilkesi, Tayvan ve Hong Kong duruşu ve insan hakları konularının siyasallaştırılmaması gerektiğini vurguladı. Dolayısıyla Başkan Abbas, kendisinin yokluğunda veya varlığında başka tarafların yaptığı hiç bir açıklamadan sorumlu değildir.

Bu nedenle ve hukuki sorumluluğu olması açısından bilgi aktarımında dikkat edilmesi, Dezenformasyon ve yanlış haberler üzerine inşa edilmemesi gerekiyor.

Bu vesileyle, Filistin Devleti Büyükelçiliği en derin saygılarını yineler.

Filistin Devleti Ankara Büyükelçiliği



# مەھمۇد ئابباسنىڭ سۆزلىرى سەۋەبلىك
# تۈركىيە-پەلەستىن كېلىشىمى كۈنتەرتىپتىن قالدۇرۇلدى

تۈركىيە پارلامېنتى تاشقى ئىشلار كومىتېتى 22-ئىيۇندا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىنىدا، پەلەستىن ھۆكۈمىتى بىلەن تۈركىيە ئارىسىدىكى يېقىندىن تۈزۈلىدىغان خەلقئارالىق كېلىشىملەر مەھمۇد ئابباسنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سۆزلىرى سەۋەبلىك ۋاقىتلىق توختىتىلدى.

ئەنقا خەۋەر ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، تۈركىيە پارلامېنتى تاشقى ئىشلار كومىتېتى ئادالەت ۋە تەرەققىيات پارتىيەسى ئەنقەرە پارلامېنت ئەزاسى فۇئات ئوكتاينىڭ رىياسەتچىلىكىدە، بىر قىسىم خەلقئارالىق كېلىشىملەرنى مۇزاكىرە قىلىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرغان. يىغىندا «تۈركىيە بىلەن پەلەستىن ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى تەربىيەلەش ھەمكارلىق ئەسلەتمىسى»دىكى ئالاقىدار مەزمۇنلار مۇزاكىرە قىلىنغان.

يىغىندا ئىيى پارتىيەسىنىڭ ئەنقەرە پارلامېنت ئەزاسى كۇرشاد زورلۇ تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن پەلەستىن ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى تەربىيەلەش ھەمكارلىقىغا قارشى چىققان.

كۇرشاد زورلۇ يىغىندا قىلغان سۆزىدە پەلەستىن پرېزىدېنتى مەھمۇد ئابباسنىڭ خىتاي زىيارىتى جەريانىدا ئۇيغۇرلارنى تېررورلۇق بىلەن باغلىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبلىك تۈركىيە-پەلەستىن ھەمكارلىق ئەسلەتمىسى مۇزاكىرىسىگە قارشى تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن ۋە بۇ مەيداننى تۈرك مىللىتىگە ۋاكالىتەن ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى تەكىتلىگەن. كۇرشاد زورلۇنىڭ نارازىلىقىدىن كېيىن، «تۈركىيە بىلەن پەلەستىن ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى تەربىيەلەش ھەمكارلىق ئەسلەتمىسى» يىغىن كۈنتەرتىپىدىن قالدۇرۇلغان.

بۇنىڭ بىلەن بىرگە، پەلەستىننىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسى مەھمۇد ئابباسنىڭ خىتاي زىيارىتىدە ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئىنكار قىلىپ بايانات ئېلان قىلدى. پەلەستىن ئەلچىخانىسى بۇ ھەقتە ئېلان قىلغان باياناتىدا مەھمۇد ئابباسنىڭ تەيۋەن ۋە خوڭكوڭ مەسىلىسىنى سىياسىيلاشتۇرۇش ھەققىدە توختالغانلىقىنى، ئەمما ئۇيغۇرلار ھەققىدە

ھېچقانداق بايانات بەرمىگەنلىكىنى دەۋا قىلغان.

شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى بولسا، تارقالغان خەۋەرلەردە مەزكۇر سۆزلەرنىڭ مەھمۇد ئاببىاسنىڭ ئاغزىدىن بىۋاستە چىققانلىقى ھەققىدە ئېنىق ئۇچۇر بولمىسىمۇ، لېكىن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ رەسمىي ئورگان توربېتىدا ئېلان قىلىنغان ئىككى تەرەپ بىرلەشمە باياناتىنىڭ 1-ماددىسىدىلا مەزكۇر سۆزلەرنىڭ بىرمۇبىر تىلغا ئېلىنغانلىقىنى، مەھمۇد ئاببىاسنىڭ بۇنى بىلمەي قېلىش ئېھتىماللىقىنىڭ يوقلۇقىنى، ئەگەردە بار دېيىلگەن تەقدىردە، پەلەستىن ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي رېجىمىنىڭ رەسمىي ئېلان قىلغان مەزكۇر باياناتىغا ئېنىق نارازىلىق بىلدۈرۈپ بايانات ئېلان قىلىشى كېرەكلىكىنى، ئەكسىچە بولغاندا ئۇيغۇرلار ھەققىدە قىلىنغان مەزكۇر سۆزلەرنىڭ ھەممىسىگە مەھمۇد ئاببىاسنىڭمۇ قوشۇلىدىغانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




پەلەستىن ئۆلىمالار بىرلىكى باشچىلىقىدىكى ھەيئەت 24-ئىيۇن خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنى زىيارەت قىلدى ۋە بىر تۈركۈم تەشكىلاتلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن، پەلەستىن پىرېزىدېنتى مەھمۇد ئاببىاسنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا ئالاقىدار بايانلىرىغا قارشى ئورتاق بايانات ئېلان قىلىندى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى، پەلەستىن ئۆلىمالار بىرلىكى، تۈرك دۇنياسى يۆرۈك تۈركمەن بىرلىكى، پەلەستىن ئاممىۋى تەشكىلاتلىرى ۋە باشقا ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان، پەلەستىن ئۆلىمالار بىرلىكى رەئىسى دوكتور نەۋۋاف تەكرۇرىي ۋە تۈرك دۇنياسى يۆرۈك تۈركمەن بىرلىكى رەئىسى ئىرفان تاتلىئوغلى ئايرىم-ئايرىم سۆز قىلدى.

ئورتاق باياناتتا پەلەستىن پىرېزىدېنتى مەھمۇد ئاببىاسنىڭ ئالدىنقى ھەپتە خىتاي زىيارىتى جەريانىدا شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىدە خىتايغا يان بېسىپ، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق

جىنايىتىنى «تېررورلۇق، رادىكاللىق، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش» دېگەندەك باھانىلەر بىلەن پەردازلاشقا ئۇرۇنغانلىقى، بۇنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى قاتتىق بىئارام قىلغانلىقى، ئورتاق باياناتقا ئىشتىراك قىلغان تەشكىلاتلارنىڭ بۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغانلىقى ۋە نارازىلىق بىلدۈرىدىغانلىقى تەكىتلەندى.

باياناتتا پەلەستىنىنىڭ ئەنقەرەدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ 22-ئىيۇن بايانات ئېلان قىلىپ، مەھمۇد ئابباسنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى سۆزلىرىنى ئىنكار قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنىپ، ئەگەر بۇ راست بولغان تەقدىردە، مەھمۇد ئابباسنىڭ بىۋاستە ئوتتۇرىغا چىقىپ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقانلىقى، بۇنىڭغا قارشى تۇرىدىغانلىقى ھەققىدە رەسمىي بايانات ئېلان قىلىشى كېرەكلىكى بىلدۈرۈلدى.

باياناتتا يەنە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ پەلەستىن خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان زۇلۇمغا ھەرۋاقىت كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەنلىكى، ئەكسىچە ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمىدىن پەلەستىن خەلقىگە ھېچقانداق ياخشىلىق كەلمەيدىغانلىقى، خىتاينىڭ ئوتتۇرا شەرقتىكى مول بايلىققا كۆز تىكىپ، قەرز تۇزىقى قاتارلىق ۋاستىلەر بىلەن كۈچەيتىۋاتقان كېڭەيمىچىلىك ئۇرۇنۇشلىرىنىڭ ئوتتۇرا شەرقتە تېخىمۇ كۆپ زۇلۇم، مۇقىمسىزلىق ۋە ئىچكى ئۇرۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقى تەكىتلەندى.

باياناتنىڭ ئاخىرىدا مەھمۇد ئابباسنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى سەپسەتىلىرىگە كەسكىن سۆزلەر بىلەن نارازىلىق بىلدۈرگەن تۈركىيە مىللەتچى ھەرىكەت پارتىيەسى رەئىسى دۆلەت باھچەلىگە ۋە تۈركىيەنىڭ بۇ مەسىلىگە سەزگۈر قاراۋاتقانلىقىنى نامايان قىلغان تۈركىيە پارلامېنتى تاشقى ئىشلار كومىتېتى ئەزالىرىغا، جۈملىدىن ئىيى پارتىيەسى پارلامېنت ئەزاسى كۈرشاد زورلۇغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈلدى.



ھەج مەۋسۇمىنىڭ يېقىنلىششىغا ئەگىشىپ، 2020-يىلىدىن بۇيان دۇنياغا ئاپەت بولغان خىتاي ۋىرۇسى سەۋەبىدىن ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلالمىغان مۇسۇلمانلار بۇ يىل ھەرخىل چەكلىمىلەر بولمىغان تەرىقىدە، ھەج قىلىش ھاياجىنى ۋە خۇشاللىقى ئىچىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن ئىككى ھەرەمگە قاراپ يولغا چىقماقتا.

ئەمما بۇ پەيتلەردە ئۆزلىرىنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىگە ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى توختىماي داۋراڭ سالىدىغان خىتاي رېجىمىنىڭ بۇ يىل ھەتتا خىتاي ۋىرۇسىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتلاردا دۇنيانى ئالداش، كۆز بويامچىلىق قىلىش ۋە ھەج ئىبادىتىنى ئىبادەت روھىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، «مەن جۇڭگو پۇقراسى» تېمىسىدا نۇتۇق سۆزلىتىش مۇراسىملىرىغا ئايلاندۇرۇۋالغان چاغلاردىكىدەك بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنى ھەجگە ئەۋەتمەسلىكى، ئۇيغۇر ھاجىلارنىڭ كۆزگە چېلىقماسلىقى دىققەت قوزغىماقتا.

خىتاي رېجىمىنىڭ ئىسلامغا مۇناسىۋەتلىك بىردىنبىر رەسمىي تور بېتى بولغان ئاتالمىش «جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى» ئورگان تورىدىكى خەۋەرلەرگە ئاساسلانغاندا، بۇ يىل خىتايدىن كەلگەن تۇنجى ھاجىلار ئۈمىكى 27-ماي نىڭشيانىڭ يىنچۇەندىن ھۆددىگە ئېلىنغان ئايروپىلاندا سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەدىنە خەلقئارا ئايرودۇرۇمىغا يېتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇنىڭ 2023-يىلدىكى خىتاي مۇسۇلمانلىرىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستانغا قىلغان ھەج پائالىيىتىنىڭ باشلانغانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى ۋە تۇنجى تۈركۈمدىكى ھاجىلارنىڭ يىنچۇەن، شىزۇيشەن ۋە نىڭشيادىكى باشقا جايلاردىن كەلگەن 386 ئادەم ئىكەنلىكى بىلدۈرۈلگەن.

خىتاينىڭ جىددەدىكى باش كونسۇلى ۋاڭ چىمىن ۋە خىتاي ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، باش كاتىپى، خىتاي ھەج خىزمەت ئەترىتىنىڭ ئىجرائىيە مۇئاۋىن باشلىقى ما جۇڭپىڭ ئايرودۇرۇمغا بېرىپ، تۇنجى تۈركۈمدىكى ھاجىلارنى قارشى ئالغان ۋە يەنىلا خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ ئاتالمىش «ياخشى دىنىي سىياسىتى»، ھەج پائالىيىتى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە كونترول قىلىش، بىخەتەر، تەرتىپلىك ۋە مەدەنىيەتلىك ھەج قىلىش قاتارلىق تېمىلاردىكى سەپسەتىلىرىنى تەكرارلىغان.

ئەمما مەزكۇر ئورگاننىڭ تور بېتىدە ئۇيغۇر ھاجىلار ھەققىدە ھېچقانداق ئۇچۇر يوق بولۇپ، پەقەتلا 2016-يىلىدىكى ئۇيغۇر ھەج ئۆمىكىنىڭ خەۋىرى «شىنجاڭ ھەج ئۆمىكى دۆلەت بايرىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بىر قاتار پائالىيەتلەرنى باشلىدى» ماۋزۇسى بىلەن بېرىلگەن. مەزكۇر خەۋەردە خىتاينىڭ ئوخشاشلا ئاشۇ يىللاردىمۇ بىر ئۆمۈر تاپقان-تەرگىنىنى بىر قېتىم ھەج قىلىۋېلىش ئۈچۈن ئاتىغان شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرىنى دەخلىسىز ھەج ئادا قىلغىلى قويماستىن، مۇقەددەس تۇپراقلاردا خىتاينىڭ دۆلەت بايرىقىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن بىر قاتار ئاتالمىش «ۋەتەنپەرۋەرلىك» پائالىيەتلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغانلىقى، ئۇلارنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ھەج قىلىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرى بويىچە «مەن جۇڭگو پۇقراسى» تېمىسىدا نۇتۇق سۆزلەتكەنلىكى قاتارلىق مەزمۇنلار نومۇسسىزلارچە ئورۇن ئالغان.

ئىشغالىيەتچى خىتاي رېجىمىنىڭ ھەج ئىبادىتىنىڭ روھى بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىشلار بىلەن

ھەج قىلغۇچىلارنى ئاۋارە قىلغاندىن باشقا، ئۇلارغا سۆزلەتكەن جۈملىلەرمۇ كىشىنىڭ تېنىنى شۈركەندۈرىدىغان دەرىجىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى نۇتۇقنىڭ بىرىدە: «باشقا دۆلەتلەردىكى ھەجگە سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ جۇڭگو ھەج گۇرۇپپىمىزنى دۇنيادىكى ئەڭ ياخشى دېيىشكە بولىدۇ. سەئۇدى ئەرەبىستانغا كەلگەندىن كېيىن، ۋەتىنىمىزنىڭ كۈچىنى ھەقىقىي ھېس قىلدۇق. جۇڭگو پۇقراسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن پەخىرلىنىمىز» دېيىلگەن بولسا، يەنە بىرىدە: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىزنىڭ تۇرپان رايونىمىزدا كۆپ ئۆزگىرىش بولدى، سەئۇدى ئەرەبىستانغا كەلگەندىن كېيىن، قاراپ سېلىشتۇرسىڭىز، يەنىلا بىزنىڭ تۇرپان رايونىمىزنىڭ ياخشىلىقىنى بىلەلەيسىز» دېگەندەك ئىبارىلەر بىلەن، خىتاينىڭ سىياسىتى ماختالغان. خەۋەردە بۇلاردىن باشقا يەنە خىتاينىڭ ئاتالمىش «دۆلەت بايرىمى»نى تەبرىكلەش ئۈچۈن «ئانا ۋەتەن مېنىڭ قەلبىمدە، مەن ۋەتىنىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەيمەن» تېمىسىدا نۇتۇق سۆزلىگەنلىكى، ھەر قايسى مىللەتلەردىن بولغان ھاجىلارنىڭ دۆلەت بايرىقى ئەتراپىغا يىغىلىپ سۈرەتكە چۈشۈپ: «ۋەتەن ئۇلۇغ! ۋەتەن ياشىسۇن!» دەپ توۋلىغانلىقى قاتارلىق سەپسەتىلەر تىلغا ئېلىنغان.

ئەينى ۋاقىتتا بۇلار نومۇسسىزلارچە ساختا تەشۋىقات ھەرىكىتى سۈپىتىدە پايدىلىنىلغان ۋە: «ۋەتەنگە ۋە يۇرتىغا قايتقاندىن كېيىن، بىز ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويۇشىمىز، لاياقەتلىك تەپەككۇر ۋە ھەرىكەت بىلەن ياخشى ھاجى بولۇشقا تىرىشىشىمىز، دۆلەتنى سۆيىدىغان، دىنىنى سۆيىدىغان ياخشى پۇقرا بولۇشىمىز كېرەك، ھەممە قانۇنغا رىئايە قىلىپ، ئاشقۇن ئىدىيەگە ئاڭلىق قارشى تۇرۇپ، سەممىيەت ۋە ھەرىكەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئەمەلىي ھەرىكەتلەر بىلەن شىنجاڭ جەمئىيىتىنىڭ ئىناق ۋە مۇقىم تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشىمىز» دەپ قەسەم بەرگۈزۈلگەن ئۇ ھاجىلارنىڭ ھازىر قەيەردە ياكى قايسى جازا لاگېرلىرىدا ئىكەنلىكى نامەلۇم بولماقتا.

مەككىدىن ئىگىلىگەن ئۇچۇرلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل خىتايدىن كۆپ ساندا تۇڭگان ھاجىلار كەلگەن بولسىمۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزگە چېلىقمىغانلىقى مەلۇم بولماقتا. ئەمەلىيەتتە سەئۇدى ئەرەبىستان ھەج ۋازارىتى ھەر يىلى ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلارنىڭ سانىغا ئاساسەن، ھەج قىلغۇچىلارنىڭ سانىنى بېكىتىدىغان ۋە شۇ دۆلەتلەرگە ئۇقتۇرىدىغان بولۇپ، تەخمىنەن ھەر مىليون كىشىگە مىڭ كىشىلىك سان بېرىلىدۇ. تۈركىيەنىڭ ئومۇمىي نوپۇسى 85 مىليونغا يېقىن بولۇپ، تۈركىيە دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ رەسمىي باياناتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل تۈركىيەدىن 83 مىڭدىن ئارتۇق كىشى ھەج قىلىدىكەن.

بۇنىڭغا ئاساسەن، خىتاي رېجىمى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى قەستەن ئاز كۆرسىتىش ئۈچۈن 11 مىليون دەپ ئېلان قىلغان سانىنى ھېسابلىغاندىمۇ، پەقەتلا شەرقىي تۈركىستاندىن ئەڭ ئاز 11 مىڭ كىشى ھەجگە كېلىشى كېرەك بولىدۇ. بۇنىڭغا پۈتكۈل خىتايدىكى تۇڭگان ۋە باشقا مۇسۇلمانلارنىڭ سانىنى قوشقاندا غايەت زور سان ئوتتۇرىغا چىقىدۇ.

ئەمما ھەجگە ساناقلىق كۈنلەر قالغان مۇشۇ پەيتلەردە، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاينىڭ قاتتىق بېسىملىرى ئاستىدا بولسىمۇ كۆزگە چېلىقماسلىقى، خىتاي رېجىمىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا

يۈرگۈزۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق ۋە دىنىي يوقىتىش سىياسىتىنىڭ قايسى دەرىجىدە كۈچلۈك ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلماقتا.

خىتاي ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەسمىي توربىدا ئېلان قىلىنغان بۇ يىللىق ھەج جەريانىدا مائارىپ يېتەكچىلىكى، داۋالاش ۋە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، بىخەتەرلىك، يېمەك-ئىچمەك، قاتناش، ياتاق ۋە ھاجىلارنى يوقلاش قاتارلىق ھەر تەرەپلىمە مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن ئارانلا 60 تىن ئارتۇق خىزمەتچىنى تاللىغانلىقى ۋە ئەۋەتكەنلىكىنى بىلدۈرۈشىنىڭ ئۆزىلا ئومۇمىي ساننىڭ ئىنتايىن ئاز ئىكەنلىكىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويماقتا.

كۆزەتكۈچىلەر پۈتۈن دۇنيادا كۆپلىگەن دۆلەتلەر، پارلامېنتلار، كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ۋە ب د ت نىڭ رەسمىي دوكلاتلىرىدىمۇ ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچراۋاتقانلىقى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا ئۇنتۇلۇشقا يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى، غەرب دۇنياسىدىن ئوخشىمىغان دەرىجىدە ئاۋاز چىقىۋاتقان بولسىمۇ، دىنىي قېرىنداشلىرى بولغان مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن تاشلاپ قويۇلغانلىقىنى، پۈتۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بىر گەۋدە ئىكەنلىكىنى ئەڭ يارقىن ئىپادىلەيدىغان ھەج مەۋسۇمىدا بولسىمۇ ئۇلار ئۈچۈن ئاۋاز چىقىرىشى كېرەكلىكىنى، دۇنيانىڭ كۆز ئالدىدا ئۇلارنى مۇسۇلمانلار بىلەن بىرلىكتە ھەج قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىۋاتقان خىتاي رېجىمىغا قارشى ئېنىق ئىپادە بىلدۈرۈشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈشمەكتە.




تۈركىيەدە ياشاۋاتقان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار ئادۋوكات گۈلدەن سۆنمەز خانىم ئارقىلىق خىتاي ئۈستىدىن ب د ت غا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى سىستېمىلىق جازا لاگېرىغا قاماش قىلمىشى ھەققىدە ئەرز سۇنغان بولۇپ، ئەرزنى ب د ت نىڭ «خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش ئىشلىرى گۇرۇپپىسى» تەكشۈرۈش ئارقىلىق، خىتاينىڭ جىنايى قىلمىشى ھەققىدە قارار چىقارغان.

چىقىرىلغان قاراردا «ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر ۋە مۇسۇلمان بولغانلىقى سەۋەبلىك تۇتقۇن قىلىنىدى. خىتاينىڭ بۇ قىلمىشى خالىغانچە تۇتقۇن قىلغانلىق بولۇپ، خىتاي ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى سىستېمىلىق دەپسەندە قىلىۋاتىدۇ» دەپ ئاتاش بىلەن بىرگە، خىتاينى «خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ 2-ماددىسىغا خىلاپلىق قىلدى» دەپ ئەيىبلىگەن.

بىلدۈرۈشىچە، بۇ ھەقتە ئەرز سۇنۇلغاندىن كېيىن ب د ت نىڭ «خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش ئىشلىرى گۇرۇپپىسى» دېلوغا قاراپ چىققان. بۇ جەرياندا خىتاينىڭ ئۆزىنى «ئاقلىشىغىمۇ» پۇرسەت بېرىلگەن بولۇپ، بارلىق تەرەپتىن قاراپ چىقىلغاندىن كېيىن، تەمىنلەنگەن پاكىتلارغا ئاساسەن قارار چىقارغان.

بۇ ھەقتە ئىستانبۇلنىڭ زەيتىنبۇرنۇ رايونى كازلىچەشمە مەدەنىيەت مەركىزىدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىلغان بولۇپ، يىغىندا سۆز قىلغان ئادۋوكات گۈلدەن سۆنمەز خانىم ب د ت قارارىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئەھمىيىتىنى تونۇشتۇرغان.

ئۇ سۆزىدە ب د ت بۇ ھەقتە قارار چىقارغان ئىكەن، لاگېرلاردا زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان كىشىلەرنىڭ قويۇپ بېرىلىشىنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى، بۇ قارارغا ئاساسلىنىپ لاگېرلارنى قايتا تەكشۈرۈش كېرەكلىكىنى، خىتاي جىنايى قىلمىشىنى ئېتىراپ قىلىپ، جازا لاگېرلىرىنى دەرھال تاقىشى كېرەكلىكىنى بىلدۈرگەن.

بىلدۈرۈلۈشىچە، ب د ت نىڭ «خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش ئىشلىرى گۇرۇپپىسى» نىغمەت خەمىت، تاجىنىسا ئىمىن ۋە دىلشات ئورالباي قاتارلىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ سەۋەبسىز تۇتۇپ تۇرۇلۇشىنىڭ «ب د ت خىتابنامىسى»نىڭ 3-، 6-، 7- ۋە 9-تارماق ماددىلىرىغا خىلاپ ئىكەنلىكىنى، تەكشۈرۈش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ تۇتۇپ تۇرۇلۇشىنىڭ ھېچقانداق قانۇني ئاساسى يوقلۇقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.



خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى داۋاملاشتۇرۇش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستاننى خىتايلاشتۇرۇش رەزىل پىلانى بويىچە، ھەرقايسى ۋىلايەت، شەھەرلەردە يەسلى يېشىدىكى بالىلارنى يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىنى كۆپەيتمەكتە.

ۋاڭ يى تورىنىڭ 14-ئىيۇندىكى خەۋىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، غۇلجا شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ئاساسىي قۇرۇلۇش بۆلۈمى خىتاينىڭ زور كۆچ بىلەن مەبلەغ سېلىپ يەسلى يېشىدىكى بالىلارنى يىغىۋالىدىغان ئورۇنلارنى كۆپەيتكەنلىكىنى ئاشكارىلاپ، غۇلجا شەھىرىدىكى بۇ يەسلىنىڭ ئوقۇتۇش بىناسى قۇرۇلۇشى تۈرىگە جەمئىي 25 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنغانلىقىنى، تۈر پۈتكەندىن كېيىن 450 ئوقۇغۇچىنى كۆپەيتىپ قوبۇل قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە غۇلجا شەھەرلىك 30-يەسلىمۇ خېرىدار چاقىرىشنى تاماملىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇندىن باشقا، قومۇل شەھىرى ئىۋىرغول رايونى جىڭسى يولى، ۋېيۋۇ يولى يەسلىسىدە قۇرۇلۇش باشلانغان.

خىتاي ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە، بۇ يىل شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي رېجىمى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى خىتايلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شەھەرلەردىكى ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى يەسلىلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىنى ئاشۇرغان. خىتاي رېجىمى بۇ تۈرگە 190 مىليون يۈەن مەخسۇس تۈر مەبلىغى ئاجرىتىپ، ئۈرۈمچى شەھىرى، غۇلجا شەھىرى قاتارلىق ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى يەسلىلەردە ئوقۇۋاتقان بالىلارنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى 50% تىن تۆۋەن بولغان بەش شەھەردە ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى يەسلىدىن 11 نى يېڭىدىن قۇرۇپ، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى يەسلىلەرنىڭ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىدىن 4000 نى يېڭىدىن كۆپەيتىدىكەن.

ئۇندىن باشقا خىتاي رېجىمى يەنە ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى كۆپلىگەن رايونلاردا يېڭىدىن يەسلى قۇرۇپ، ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كۆلىمىدىن 1080 نى يېڭىدىن كۆپەيتىشنى پىلانلىغان. ئۈرۈمچى شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى تەرەققىيات - پىلان بۆلۈمى بۇ تۈرلەر ھەققىدىكى پىلانلىرىنى ئاشكارىلاپ، پىلان بويىچە 6-ئاينىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرىدا ھەرقايسى تۈرلەردە ئارقا-ئارقىدىن ئىش باشلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

مەلۇم بولۇشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىگە ئوخشاشلا سانجى شەھىرى، كورلا شەھىرى خىتاي رېجىمى باشقۇرۇشىدىكى يەسلىلەرنى يولغا قويۇش لايىھەسىنى تۈزۈپ چىققان. ھازىرغىچە يېڭىدىن قۇرۇلىدىغان 11 يەسلى تۈرىنىڭ ھەممىسىگە ئورۇن تاللاش تاماملىنىپ، ئۈچ ئورۇندا ئىش باشلانغان. قالغان تۈرلەرنىڭ ھەممىسىدە بۇ يىلنىڭ ئاخىرىدا ئاساسىي گەۋدە قۇرۇلۇشى تاماملىنىدىكەن.

ئىلگىرى خىتاي رېجىمى ھەرقايسى شەھەر رايونلاردىكى بىكار قالغان ھۆكۈمەت بىنالىرى، تاقىۋېتىلگەن مەسچىت قاتارلىق ئورۇنلارغا ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى سولاپ، «يەسلى» نامىدا بالىلار لاگېرى قىلغانىدى. خىتاي بۇ قىلمىشلىرىنى خەلقئارادىن يوشۇرۇش مەقسىتىدە بالىلار لاگېرلىرىغا ئاتالمىش «پەرىشتىلەر باغچىسى» دېگەندەك ئىسىملارنى قويۇپ، ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنى ئانا تىلىدا سۆزلەشنى چەكلەپ، تولۇق تىلىمۇ چىقىپ

بولالمىغان نارەسىدە بالىلارنى ئائىلىسىدىن مەجبۇرىي ئايرىپ، ئۇلارنى ئۆز تىلىدىن ۋە مىللىي كىملىكىدىن پۈتۈنلەي ئايرىپ، ئاسسىمىلياتسىيە قىلىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماقتا ۋە بۇ خىلدىكى بالىلار لاگېرىنى تېخىمۇ كۆلەملەشتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلماقتا.




ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بىلىنكېنىنىڭ خىتايغا قىلغان تارىخىي زىيارىتى دۇنيا كۈنتەرتىپىنىڭ قىزىق نۇقتىسى بولماقتا ۋە ئىككى تەرەپنىڭ بۇندىن كېيىنكى سىياسىتىدە قانداق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولىدىغانلىقى ھەققىدە كۆپلىگەن ئانالىزلار ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا.

CBS قانىلىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 2021-يىلى پرېزىدېنت جوۋ بايدېن ۋەزىپىگە ئولتۇرغاندىن بۇيان خىتاينى زىيارەت قىلغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئامېرىكىلىق ئەمەلدار بولۇپ قالغان ئانتونى بىلىنكېن ئىككى كۈنلۈك رەسمىي خىتاي زىيارىتى جەريانىدا 18-ئىيۇن خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چىن گاڭ بىلەن كۆرۈشكەن ۋە ئامېرىكا-خىتاي ئوتتۇرىسىدىكى تەيۋەن مەسىلىسىدىن جەنۇبىي دېڭىزدىكى ھەربىي جىددىيلىككىچە، ئىقتىسادىي ۋە تېخنولوگىيەلىك رىقابەتتىن كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىلىرىگىچە بولغان نۇرغۇن ساھەلەردە كەڭ دائىرىلىك سۆھبەت ئۆتكۈزگەن.

بىلىنكېن 19-ئىيۇن يەنە خىتاي رېجىمى رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەنمۇ كۆرۈشكەن، كۆرۈشۈشكە خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرى چىن گاڭمۇ قاتناشقان. بىلىنكېنىنىڭ خىتاي زىيارىتىدە ئامېرىكا بىلەن خىتاينىڭ بىر قاتار مەسىلىلەردە ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلغانلىقى ۋە كېلىشىم ھاسىل قىلغانلىقى بىلدۈرۈلمەكتە.

خىتاي تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىنىڭ شى جىنپىڭ-بىلىنكېن ئۇچرىشىشىغا مۇناسىۋەتلىك باياناتىدا «خىتاي

مەيداننى ئىلان قىلدى، ھەر ئىككى تەرەپ شى جىنپىڭنىڭ پىرىزىدېنت بايدېن بىلەن 2022-يىلى بالىدا ئۆتكۈزۈلگەن G20 باشلىقلار يىغىنىدا ھاسىل قىلغان پىكىر بىرلىكىنى ئىجرا قىلىشنى قوبۇل قىلدى» دېيىلگەن.

بۇ قېتىملىق زىيارەت ئامېرىكىنىڭ خىتاي بىلەن يېرىكلەشكەن مۇناسىۋىتىنى يۇمشىتىش ئۈچۈن خىتايغا كەسكىن سۆز قىلمىغانلىقى بىلەن ئەيىبلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بىلىنكېن شى جىنپىڭ بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن خىتاي زىيارىتىگە مۇناسىۋەتلىك بېيجىڭدىكى «بېيجىڭ-ئامېرىكا مەركىزى»دە ئۆتكۈزۈلگەن مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا، بۇ قېتىملىق خىتاي زىيارىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن ۋە مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، ئامېرىكا ۋە خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە خوڭكوڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندىچىلىكلىرىدىن ھېلىھەم چوڭقۇر ئەندىشە ئىچىدە ئىكەنلىكىنى خىتايغا بىلدۈرگەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن.




ئامېرىكىدىكى ئەڭ چوڭ خەلقئارالىق تاراتقۇلاردىن بىرى بولغان ئامېرىكا ئاۋازى 20-ئىيۇن «ۋەھىمىدىن ئەركىنلىككىچە: بىر ئۇيغۇرنىڭ سەپىرى» ناملىق ھۆججەتلىك فىلىم ئېلان قىلغان بولۇپ، تونۇلغان مائارىپچى، ژۇرنالىست قاسىمجان ئابدۇرېھىمنىڭ كەچۈرمىشلىرى ئارقىلىق، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى جىنايەتلىرى يورۇتۇپ بېرىلدى.

مەزكۇر ھۆججەتلىك فىلىمدە شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاتالمىش تىل تەربىيەلەش مەركىزىنى قۇرۇپ، مىڭلىغان ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلىگەن، بىر نەچچە يىلدىن بۇيان «ئاسىم كاشغارىيان» ئىسمى بىلەن خىتاي-ئامېرىكا مۇناسىۋىتى، ئۇيغۇر مەسىلىسى قاتارلىقلار نۇقتىلارغا مەركەزلىشىپ، «ئامېرىكا ئاۋازى»دا خىزمەت قىلىۋاتقان قاسىمجان

ئابدۇرېھىمنىڭ كەچۈرمىشلىرى، جۈملىدىن ئۇنىڭ خىتاي رېجىمىنىڭ چاڭگىلىدىن قانداق قۇتۇلۇپ چىققانلىقى، 5-ئىيۇل ئۈرۈمچى قەتلىئامىدا يۈز بەرگەن ئىشلار ۋە ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا ئاۋازىدا باشقا ئىسىم بىلەن خىزمەت قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار جانلىق تەسۋىرلەنگەن. 20-ئىيۇن دۇنيا مۇساپىرلار كۈنىدە ئېلان قىلىنغان مەزكۇر ھۆججەتلىك فىلىمدە قاسىمجاننىڭ ھاياتى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى مىليونلىغان خەلق باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتلەر، باستۇرۇشلار ئىنتايىن يارقىن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

فىلىم ئاخىرىدا قاسىمجان مارتىن لۇتېر كىڭنىڭ مەشھۇر سۆزىنى تەكرارلاپ، ئادالەت ۋە ئەركىنلىك ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنىڭ ئارزۇسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھەممە ئادەم ئۈچۈن باراۋەر ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئامېرىكا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن سىياسىي پاناھلىقىنىڭ قوبۇل قىلىنغانلىقىنى ۋە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنى ئىشلىتەلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ: «مېنىڭ ئىسمىم قاسىم ئابدۇرېھىم قەشقەر» دەپ ئاخىرلاشتۇرغان.




20-ئىيۇن تۈركىيەدىكى ئىنسان مېدىيا تەتقىقاتى مەركىزىدە ئەرەب مېدىيالىرىدا ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ كۆنتەرتىپكە كەلمەسلىكى، ھەل قىلىش چارىلىرى توغرىسىدا مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى.

ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىغا قارىتىلغان مەزكۇر مۇھاكىمە يىغىنىنى ئىنسان مېدىيا تەتقىقاتى مەركىزى تەشكىللىگەن بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھمۇدجان داموللام، شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتى رەئىسى ئابدۇۋارىس ئابدۇخالىق تەكلىپ بىلەن ئىشتىراك قىلدى. يىغىنغا ئىستىقلال تېلېۋىزىيەسى، ۋەتەن تېلېۋىزىيەسى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىمۇ قاتناشتى.

يىغىندا ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى

ئابدۇۋارىس ئابدۇخالىق سۆز قىلىپ، ئالدى بىلەن شەرقىي تۈركىستاننىڭ جۇغراپىيەلىك ئەھۋالى، نوپۇسى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىش تارىخى، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانغا تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن 1949-يىلىدىن باشلاپ، ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا قارشى تېررور سىياسىتى ئىجرا قىلىپ كەلگەنلىكى، خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتى سەۋەبلىك مىڭلىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ چەت ئەلگە ھىجرەت قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقى قاتارلىقلارنى قىسقىچە تونۇشتۇردى.

ئارقىدىن يەنە شى جىنپىڭ تەختكە چىققاندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇشنىڭ تېخىمۇ ئېغىرلاشقانلىقىنى، تۈركۈملەپ جازا لاگېرلىرىنى تەسىس قىلغانلىقىنى، ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىنى دىنىدىن چىقىرىش ئۈچۈن، ئۆلىمالارنى تۈرمىگە سولاپ قىرغىن قىلغانلىقىنى، ئون مىڭلىغان مەسچىتلەرنى ۋەيران قىلغانلىقىنى، ئىسلام دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بارلىق نەرسىلەرنى چەكلىگەنلىكىنى سۈرەتلىك دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن تونۇشتۇردى.

مۇھاكىمە يىغىنىدا شەرقىي تۈركىستان ئۆلىمالار بىرلىكىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەھمۇدجان داموللامۇ سۆز قىلىپ، جەمئىيەتتە تارقىلىۋاتقان «شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى بىر سىياسىي مەسىلە» دېگەن سۆزلەرگە رەددىيە بەردى. ئۇ مەزكۇر سۆزلەرنى خىتاينىڭ تەشۋىق قىلغانلىقىنى، ئارقىدىن ئەرەب ئەللىرى ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنىڭ بۇنىڭغا ئەگەشكەنلىكىنى تەكىتلەپ، «نېمە ئۈچۈن خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئىسلام دىنى ئەركانلىرىغا قارشى تۇرىدۇ ۋە چەكلەيدۇ؟» دېگەن سوئالنى قويىدى ۋە خىتاينىڭ ئاشكارا ھالدا ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقانلىقىنى دەلىل-ئىسپاتلار بىلەن چۈشەندۈردى.

يىغىندا يەنە ئەرەب ژۇرنالىستلار، ئاكادېمىكلار نۆۋەت بىلەن پىكىر بايان قىلدى.



خىتاي ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاش جىنايىتىنى داۋاملىق كۈچەپ ئىجرا قىلىۋاتقان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى رىغبەتلەندۈرۈش ئېلانلىرى ئوچۇق-ئاشكارا تارقىتىلماقتا.

يېقىندا تارقالغان سىنلاردىن مەلۇم بولۇشىچە، خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا كۈچەپ ئىجرا قىلىۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىنىڭ بىر ۋاسىتىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنى خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاش جىنايىتىنى تۈرلۈك ئېلان-تەشۋىقاتلار بىلەن داۋاملىق كۈچەيتكەن.

سىندا كۆرسىتىلىشىچە، ئاقسۇدىكى بىر لايىق تونۇشتۇرۇش مەركىزىنىڭ ئېلانىدا مۇنۇلار بىلدۈرۈلگەن: «چۆچياۋخۇي ئاز سانلىق مىللەتلەر بىلەن خەنزۇلارنىڭ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئۆتۈشىنى ئىزچىللاشتۇرۇش مەقسىتىدە، بويتاق ئۇيغۇر قىزلارنى قىزغىن تەكلىپ قىلىمىز، خەنزۇلار بىلەن ئارىلىشىپ توي قىلىشنى خالايدىغانلار ئاكتىپلىق بىلەن تىزىمغا ئالدۇرساڭلار بولىدۇ. توي قىلمىغان ياكى ئاجرىشىپ كەتكەنلەر بولسىمۇ بولىدۇ. ئەگەر شەرتكە ئۇيغۇر كېلىدىغانلار بولسا، تونۇشتۇرۇپ قويسا بولىدۇ. تونۇشتۇرۇش مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغاندىن كېيىن نەق پۇل، قىزىل بولاق ئارقىلىق تەقدىرلەيمىز».

بۇندىن بۇرۇن تارقالغان سىنلىق مەلۇماتلار ۋە لاگېر شاھىتلىرىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزلىرىمۇ نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنىڭ ئائىلە ئەزالىرىنىڭ جازا لاگېرى ياكى تۈرمىگە سولىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، خىتايلار بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇر بولغانلىقىنى ئاشكارىلىغانىدى. شۇنداقلا خىتايلار بىلەن توي قىلغانلارغا زور مىقداردا پۇل، ئۆي، خىزمەت قاتارلىقلار ۋەدە قىلىنغان سىنلارمۇ كۆپلەپ تارقالغانىدى. نۆۋەتتە خىتاي رېجىمى ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرىنى خىتاي بىلەن توي قىلىشقا مەجبۇرلاش قىلمىشىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قاراتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنىڭ بىر قىسمى سۈپىتىدە كۈچەپ ئىجرا قىلماقتا.



ئامېرىكا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيەسىنىڭ 2024-يىللىق پرېزىدېنت نامزاتى، نۆۋەتتىكى مىئامى شەھەر باشلىقى فىرانسىز سۇئارېس بىر رادىيو پىروگراممىسىدا رىياسەتچىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدىكى سوئالىغا دۇچ كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ «ئۇيغۇر دېگەن نېمە؟» دېگەن جاۋابى كۆپلىگەن خەلقئارالىق ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ خەۋەر ماۋزۇسىدىن ئورۇن ئالدى.

CNN نىڭ بۇ ھەقتىكى خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، فىرانسىز سۇئارېس 28-ئىيۇن بىر رادىيو قانىلىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، رىياسەتچى ئۇنىڭدىن: «سىز كېيىنكى پائالىيەتلىرىڭىزدە ئۇيغۇرلار ھەققىدە توختىلامسىز؟» دەپ سورىغان. ئۇ: «نېمە؟» دېگەن. رىياسەتچى: «ئۇيغۇرلار» دەپ قايتىلىغاندىن كېيىن، سۇئارېس: «ئۇيغۇر دېگەن نېمە؟» دەپ سورىغان. ئۇ پىروگراممىنىڭ ئاخىرىدا يەنە بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ باقىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

ئۇنىڭ بۇ ھەيران قالارلىق جاۋابى CNN، فوكس، NBC، كۇندىلىك پوچتا گېزىتى، فوربېس، ئانادولۇ ئاگېنتلىقى قاتارلىق خەلقئارالىق ئاخبارات ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئارقىمۇئارقا خەۋەر قىلىنغان بولۇپ، ئۇ دەرھال بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشكە مەجبۇر بولغان.

سۇئارېس شۇ كۈنى CNN غا بەرگەن باياناتىدا، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئىنكار قىلغان ۋە ئالاقىدار زىيارەت ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ، ئۆزىنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىدىن ئوبدان خەۋىرى بارلىقىنى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز ئېتىقادى سەۋەبلىك قۇل قىلىنىۋاتقانلىقىنى، خىتاينىڭ ئىنسانىي ھوقۇقلارنى دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىنى، ئالاقىدار رادىيو زىيارىتىدە رىياسەتچىنىڭ تەلەپپۇزىنى ئاڭقىرىپ بولالمىغانلىقى سەۋەبلىك بۇ ئىشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرگەن.



2023-يىللىق قۇربان ھېيت مۇناسىۋىتى بىلەن 30-ئىيۇن ئىستانبۇلنىڭ سەفاكۆي رايونىدا ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۈچۈن چوڭ تىپتىكى ھېيتلىشىش پائالىيىتى ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى ھەر يىلى ئىككى ھېيتتا تەشكىللەپ كېلىۋاتقان مەزكۇر پائالىيەت قۇربان ھېيتنىڭ ئۈچىنچى كۈنىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، تۈركىيەدىكى ھەرقايسى تەشكىلات مەسئۇللىرى، جامائەت ئەربابلىرى، ئىسلام دۇنياسىدىكى تونۇلغان ئۆلىمالار ۋە ئىستانبۇلدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار بولۇپ، 2000 غا يېقىن مېھمان ئىشتىراك قىلدى.

پائالىيەت قۇرئان كەرىم تىلاۋىتى بىلەن باشلانغاندىن كېيىن، خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكى رەئىسى ھىدايەتۇللاھ ئوغۇزخان ئېچىلىش سۆزى قىلىپ، ھېيتلىق تەبرىك يوللىدى ۋە بۇ چوڭ تىپتىكى يىغىلىشنىڭ ئەمەلىيەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دىنىي، مىللىي كىملىكىنى قوغداش ئىرادىسىنى ۋە شەرقىي تۈركىستان مۇجادىلىسى ئۈچۈن بوشاشماي تىرىشىش، ئىتتىپاقلىشىش روھىنى نامايان قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى.

ئۇ سۆزىدە يەنە مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتىشى ۋە ئادا قىلىشى كېرەكلىكىنى، شەرقىي تۈركىستاندا ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان خەلقنىڭ ئەركىن دۇنيادا ياشاۋاتقانلاردىن زور ئۈمىدلەرنى كۈتۈۋاتقانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىققا ئېرىشمىگۈچە، سىستېمىلىق ۋە پىلانلىق ھەرىكەت قىلىۋاتقان خىتاينىڭ ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يەنە داۋاملاشتۇرىدىغانلىقىنى، بۇ نىشاننى ئاساس قىلغان ھالدا ھەمكارلىق ۋە بىرلىكنى تېخىمۇ كۈچەيتىش، نىشاندىن ۋاز كەچمەسلىك كېرەكلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتتى.

ھېيتلىشىش پائالىيىتىگە ئىستانبۇل ۋالىيسى ۋە ئىستانبۇل كۆچمەنلەر ئىدارىسى مۇدىرىمۇ تەبرىك سۆزى يوللىدى.

ئارقىدىن جامائەت ئەربابى ئابدۇقادىر ياپچان سۆز قىلىپ، قۇربان ھېيت روھىدىن ئۆگىنىپ، ھەربىر شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ پىداكارلىق روھىنى ئويغاق تۇتۇشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

كېيىن خەلقئارا تۈركىستانلىقلار جەمئىيىتى رەئىسى بۇرھان كاۋۇنجۇ سۆز قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھېيتىنى تەبرىكلىدى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دەۋاسىنى قوللاپ كەلگەنلىكىنى، بۇندىن كېيىنمۇ قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

پائالىيەت داۋامىدا بىر تۈركۈم ئۆسمۈرلەر ئىسلام، ۋەتەن، مىللەت كۈيلەنگەن تۈرلۈك شېئىرلارنى دېكلاماتسىيە قىلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

پائالىيەتتە كۆك ئاي ئىنسانىي ياردەم جەمئىيىتى ھېيتلىشىش پائالىيىتىگە كەلگەن ئۆسمۈرلەرگە ھېيتلىق تارقىتىپ، ئۇلارغا ھېيت خۇشاللىقى ۋە ئەنئەنىسىنى ھېس قىلدۇردى.

ئاخىرىدا پېشقەدەم ئۇستاز نىياز داموللامنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئازادلىقى، ئىشغالىيەتچى خىتاينىڭ ھالاكىتى ئۈچۈن دۇئالار قىلىندى.




خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر، قازاق قاتارلىق مىللەتلەردىن بولغان قورچاق ئەمەلدارلارنى تۈرلۈك مەقسەتلەر بىلەن ئىشلىتىۋاتقان بولسىمۇ، يېقىنقى مەزگىللەردە ئۇلارنىڭ ئورنىغا خىتايلارنى ئالماشتۇرۇشى كۆرۈنەرلىك كۆپەيمەكتە.

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى تەشۋىقات ئورگىنى تەڭرىتاغ تورىنىڭ خەۋىرىدە بىلدۈرۈلۈشىچە، 25-ئىيۇن ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 14-نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى»نىڭ 3-يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن بولۇپ، يىغىندا كادىرلارنى تەيىنلەش-قالدۇرۇش قارارلىرى ئېلان قىلىنغان.

مەزكۇر يىغىندا جوۋ شۈيۈڭ ئىسىملىك خىتاي ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى»نىڭ باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەنگەن. بۇندىن ئىلگىرىكى باش كاتىپ بولسا قورچاق ئەمەلدار ياسىن سىدىق بولۇپ، ئۇ بۇ يىل 4-ئايدا «ئىنتىزام ۋە قانۇنغا ئېغىر خىلاپلىق قىلىش» دېگەن باھانە بىلەن تۇتۇلۇپ تەكشۈرۈلگەن ۋە 31-ماي باش كاتىپلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغانلىقى رەسمىي ئېلان قىلىنغانىدى.

يىغىندا يەنە مەتتۇرسۇن تۇردىمەمەت ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى»نىڭ مۇئاۋىن باش تەپتىشلىك ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ۋاڭ چيۈلى ئىسىملىك خىتاي ئايال ئالماشتۇرۇلغان.

ئۇندىن باشقا قورچاق ئەمەلدار پەرھات روزى ئاتالمىش «ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى يېزا ئىگىلىكى ۋە يېزا خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان.

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغاندىن بېرى ئاتالمىش «ئاپتونومىيە تۈزۈمى» ئىجرا قىلىۋاتقانلىقىنى دەۋا قىلىش، خەلقئارانىڭ كۆزىنى بوياش ئۈچۈن،

ئۆزلىرىگە سادىق بولغان بىر تۈركۈم قورچاق ئەمەلدارلارنى ئوخشىمىغان ۋەزىپىلەرگە تەيىنلەپ كەلمەكتە. ھالبۇكى، مەزكۇر قورچاق ئەمەلدارلارنىڭ ھېچقانداق ئەمەليي ھوقۇقى يوقلۇقى ھەممىگە ئايان بىر ئەھۋال بولۇپ، كۆپىنچىسى ئاخىردا تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن ۋەزىپىدىن ئېلىپ تاشلىنىش، ئۇزۇن مۇددەتلىك كېسىلىش قاتارلىق تەقدىرگە دۇچار بولۇپ كەلمەكتە. خىتاي رېجىمى يېقىنقى يىللاردىن بېرى ئىرقىي قىرغىنچىلىق سىياسىتىگە ماس ھالدا، نۇرغۇنلىغان ئۇيغۇر ئەمەلدارلارنى تۈرمە ياكى جازا لاگېرلىرىغا قامىغان بولۇپ، ئەسلىدىنلا ئەمەليي ھوقۇقى بولمىغان قورچاق ئەمەلدارلارنىڭ نىسبىتىنى تېخىمۇ ئازايتىشقا، ئەمەلىينى تېخىمۇ تۆۋەنلىتىشكە، باشقۇرۇش سىستېمىسىنى پۈتۈنلەي خىتايلار بىلەن تولدۇرۇشقا تىرىشماقتا.




شىۋېتسىيەدە ھەر يىلى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلىدىغان سىياسەتچىلەر ھەپتىلىكى شىۋېتسىيەنىڭ گوتلاند ئارىلىدا باشلانغان بولۇپ، مەزكۇر يىغىلىشقا خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىنىڭ ياۋروپا تاشقى ئىشلار مەسئۇلى نىجات تۇرغۇن ئىشتىراك قىلدى.

مەزكۇر سىياسەتچىلەر ھەپتىلىكىگە ياۋروپا ئەللىرىنىڭ پارلامېنت ئەزالىرى، دۆلەت ئەربابلىرى، سىياسەتچىلەر، شىۋېتسىيەدىكى ھەرقايسى پارتىيەلەرنىڭ، ئىدارە-ئورگان، شىركەت-كارخانىلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشقان بولۇپ، شىۋېتسىيە ۋە خەلقئارادىكى زۆرۈر مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن مۇھىم مۇنبەر بولۇپ قالغان.

نىجات تۇرغان ئەپەندى بۇ ھەقتە توختىلىپ، ئۆزىنىڭ خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلار بىرلىكىگە ۋاكالىتەن ئۈچ كۈنلۈك زىيارەتتە بولىدىغانلىقىنى، بۇ جەرياندا سىياسەتچىلەر، پارتىيە ۋەكىللىرى ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم ئورگانلىرى بىلەن ئۇچرىشىشنى پىلانلىغانلىقىنى بىلدۈردى.

28-ئىيۇن مەزكۇر سىياسەتچىلەر ھەپتىلىكى مۇنبىرىدە خىتاينىڭ شىۋېتسىيەدىكى مائارىپ

سىستېمىسىغا، خۇسۇسەن ئالىي بىلىم يۇرتلىرىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقى، بۇ تەسىرلەرنىڭ شىۋېتسىيەگە قانداق پۇرسەت ۋە تەھدىتلەرنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقى ھەققىدە مەخسۇس لېكسىيە سۆزلەنگەن. ئۇندىن باشقا شىۋېتسىيە ھەربىي تەتقىقات ئىنستىتۇتى ئورۇنلاشتۇرغان لېكسىيەدە خىتاي شىركەتلىرىنىڭ يېقىنقى ئۈچ يىلدىن بېرى شىۋېتسىيە بازىرىغا سىڭىپ كىرىپ، ھالقىلىق ساھەدىكى شىۋېتسىيە شىركەتلىرىگە كۆپلەپ مەبلەغ سېلىۋاتقانلىقى، بۇنىڭ شىۋېتسىيەنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ساھەسىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقى مۇھاكىمە قىلىنغان.

يېقىنقى يىللاردىن بېرى خىتاينىڭ خەلقئارادىكى ئىقتىسادىي تەسىرىدىن باشقا، ھەرقايسى دۆلەتلەردە بارغانسېرى كۈچەيتىشكە ئۇرۇنۇۋاتقان يۇمشاق كۈچى ئىزچىل دىققەت نۇقتىسى بولماقتا. جۈملىدىن خىتاي مەدەنىيىتى ۋە تىل-يېزىقىنى تارقىتىش نامىدا ئېچىلغان كۇڭزى ئىنستىتۇتلىرىنىڭ ئەمەلىيەتتە خىتاي كوممۇنىست پارتىيەسىنىڭ بىۋاستە ۋە ھېسابسىز مەبلىغى بىلەن تەمىنلىنىۋاتقان تەشۋىقات قورالى ئىكەنلىكى بارا-بارا ئاشكارىلانماقتا ۋە ھەرقايسى دۆلەت ھۆكۈمەتلىرىنى سەگەكلەشتۈرمەكتە. چەت ئەلدە ئوقۇۋاتقان زور تۈركۈمدىكى خىتاي ئوقۇغۇچىلارنىڭ خىتاي كومپارتىيەسىنىڭ تەسىرى ۋە تەشۋىقاتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىمۇ كۆپلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلماقتا. بۇ سەۋەبتىن خىتاينىڭ باشقا دۆلەتلەرگە سىڭىپ كىرىپ، تەھدىت شەكىللەندۈرۈشى خەلقئارالىق مۇنبەرلەرنىڭ كۈنتەرتىپىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە.

نىجات ئەپەندىنىڭ بىلدۈرۈشىچە، سىياسەتچىلەر ھەپتىلىكى مۇنبىرىدە پۈتۈن دۇنيانىڭ دىققەت مەركىزى بولۇۋاتقان رۇسىيە-ئۇكرائىنا ئۇرۇشىمۇ ئاساسلىق مۇھاكىمە تېمىلىرىدىن بىرى بولغان بولۇپ، شۇ كۈنى مۇتەخەسسىسلەر يەنە «شىۋېتسىيەنىڭ ياۋروپا مۇداپىئە سىستېمىدىكى رولى» تېمىسىدا لېكسىيە سۆزلىگەن.



ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بلىنكېن 28-ئىيۇن نيۇيوركتا ئۆتكۈزۈلگەن بىر يىغىلىشتىكى سۆزىدە خىتاي ھەققىدە توختىلىپ، ئامېرىكىنىڭ كەسكىن رىقابەت ئىچىدە چوقۇم خىتاي بىلەن تىنچلىقتا بىرگە تۇرىدىغان ئامال تېپىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىدى.

ئامېرىكا ئاۋازىنىڭ خەۋىرىدە قەيت قىلىنىشىچە، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئانتونى بلىنكېن 28-ئىيۇن تاشقى ئىشلار كومىتېتى نيۇيوركتا تەشكىللىگەن بىر پائالىيەتتە سۆز قىلىپ، يۇقىرىقى پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان ۋە: «خىتاي يوقالمايدۇ، بىزمۇ يوقالمايمىز. بىز چوقۇم بىرگە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان، شۇنداقلا تىنچلىق ئىچىدە بىرگە تۇرىدىغان ئامال تېپىپ چىقىشىمىز كېرەك» دەپ تەكىتلىگەن.

بىلىنكېن ئامېرىكىنىڭ خىتاي بىلەن ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتنى ئۈزمىگەنلىكىنى، ئەكسىچە بۇلتۇر ئىككى تەرەپ سودىسىنىڭ تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكەنلىكىنى، گەرچە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى خىتاينىڭ مىڭغا يېقىن شىركەت، شەخس ۋە ئورگانلىرىغا جازا يۈرگۈزگەن بولسىمۇ، خىتايدا تىزىمغا ئالدۇرۇلغان 48 مىليون شىركەت بارلىقىنى، قاراتمىلىق جازالارنىڭ ئىنتايىن ئاز نىسبەتنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى، خىتاينىڭ تەرەققىياتىنى توسۇشنىڭ ئامېرىكىنىڭ دۆلەت مەنپەئەتىگىمۇ ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى، ئامېرىكا خىتاينىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن تەرەققىي قىلىشىنى خالايدىغانلىقىنى، بۇنىڭ ئامېرىكا دۆلەت مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن.

بىلىنكېن يۇقىرىقى سۆزلىرىگە ئىلاۋە قىلىپ، ئامېرىكا بىلەن خىتاي ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك رىقابەت مۇناسىۋىتى ئىكەنلىكىنى، ئېنىق ئاخىرلىشىش ۋاقتىسى يوقلۇقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرگە، ئامېرىكىنىڭ تۈرلۈك چەكلەش تەدبىرلىرى ئارقىلىق، مەبلەغ ۋە تېخنىكىلىرىنىڭ خىتايغا ئېقىپ كېتىشىنى توسۇش ھەققىدە باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىنى، بۇ رىقابەتتە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەشكە كاپالەتلىك قىلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن.




بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باش كاتىپى ئانتونىيو گۇتېرېس 26-ئىيۇن خىتاي پۇقراسى شۇ خاۋلىياڭنى ب د ت نىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى، قوشۇمچە ب د ت تەرەققىيات-پىلان ئورگىنىنىڭ ياردەمچى باشلىقلىقىغا تەيىنلىگەنلىكىنى ئېلان قىلدى.

خىتاي پۇقراسى بولغان شۇ خاۋلىياڭ 2013-يىلىدىن 2019-يىلىغىچە تەرەققىيات-پىلان مەھكىمىسىنىڭ ياردەمچى باشلىقى، قوشۇمچە ئاسىيا-تىنچ ئوكيان ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولغان، 2019-يىلىدىن بۇيان ب د ت نىڭ باش كاتىپ ياردەمچىسى، قوشۇمچە تەرەققىيات-پىلان مەھكىمىسى سىياسەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. بۇنىڭدىن بۇرۇن شۇ خاۋلىياڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سىستېمىسىدا كۆپ ۋەزىپە ئۆتىگەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ باش ئىشتابى ھەمدە ئاسىيا تىنچ ئوكيان، ياۋروپا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى كۆپلىگەن رايونلاردىكى ئىش باشقارمىلىرىدا ئىشلىگەن.

شۇ خاۋلىياڭ خىتايدىكى تۇڭجى ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن بولۇپ، كېيىن ئامېرىكا ستېۋېنس تەبىئىي پەن ۋە سانائەت پەنلىرى ئىنستىتۇتى ۋە كولومبىيە ئۇنىۋېرسىتېتىدا ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. بىلدۈرۈلۈشىچە، ئۇ ب د ت دىكى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىگە تەيىنلەنگەن خىتاي ئەمەلدارى بولۇپ ھېسابلىنىدىكەن.

خىتاي يىللاردىن بېرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەرقايسى دەرىجىلىك ئورگانلىرىدا تەسىر دائىرىسىنى كېڭەيتىش ئارقىلىق، خىتاي رېجىمىنىڭ مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلدۇرۇشقا، خۇسۇسەن شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىرقىي قىرغىنچىلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ كەلمەكتە.

خىتاي رېجىمى شەرقىي تۈركىستاندا سىستېمىلىق ئىرقىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋاتقان، ب د ت ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى باستۇرۇش سىياسىتى ھەققىدە مەخسۇس دوكلات ئېلان قىلغان بىر ۋەزىيەتتە، بىر خىتاي پۇقراسىنىڭ ب د ت دا يۇقىرى دەرىجىلىك ۋەزىپىگە قويۇلۇشى «بۆرىنى قوتانغا باشلاش» دەپ سۆپەتلەنمەكتە ۋە تۈرلۈك سوئاللارنى تۇغدۇرماقتا.


ISTIQLAL
خىتاي ChatGPT
نى چەكلىدى
OPEN AI
Radwiç
©ISTIQLAL

# ئىستىقلال ئاۋازى

## ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

شەرقىي تۈركىستاندا نېمىلەر يۈز بېرىۋاتىدۇ؟

بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەرنىڭ قايسىسى راست، قايسىسى يالغان؟

ژۇرنىلىمىز ئىشەنچلىك، نوپۇزلۇق خەۋەر مەنبەلىرى ۋە تىرىك شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ئارقىلىق، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقى باشتىن كەچۈرۈۋاتقان ئىرقىي قىرغىنچىلىقنى، خىتاينىڭ ئىنسانىيەتكە قارشى جىنايەتلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بۇ ھەقتىكى يالغان ئۇچۇرلىرى ۋە كۆز بوياMچىلىقىنى دۇنياغا ئاشكارىلاشنى نىشان قىلىدۇ.


باش مۇھەررىر — ئابدۇلۋارىس ئابدۇلخالىق

تەھرىر — ي. قۇرۇم

لايىھەلىگۈچى — ي. قۇرۇم

كارىكاتۇر — رادۋا ئادىل

نەشر قىلغۇچى ئورۇن — شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيتى

نەشر تۈرى — ئايلىق ئاخبارات ژۇرنىلى

ئادرېس — Kartaltepe Mah. Geçit Sok. No: 6 Dük. 2
Sefaköy Küçükçekmece İSTANBUL



info@istiqlalmedia.com

www.istiqlalmedia.com www.istiqlalhaber.com

+90 553 895 19 33 +90 212 540 31 15

+90 541 797 77 00



DOĞU TÜRKİSTAN
BASIN VE MEDYA DERNEĞİ
شەرقىي تۈركىستان ئاخبارات ۋە مېدىيا جەمئىيتى